بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى
49- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا انْسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞ وَإِنْ أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَعْلَمُونَ ۞ كَيْفَ يَكُونُ لِلْمُشْرِكِينَ عَهْدٌ عِنْدَ اللَّهِ وَعِنْدَ رَسُولِهِ إِلَّا الَّذِينَ عَاهَدْتُمْ عِنْدَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ فَمَا اسْتَقَامُوا لَكُمْ فَاسْتَقِيمُوا لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ ۞ كَيْفَ وَإِنْ يَظْهَرُوا عَلَيْكُمْ لَا يَرْقُبُوا فِيكُمْ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً يُرْضُونَكُمْ بِأَفْوَاهِهِمْ وَتَأْبَى قُلُوبُهُمْ وَأَكْثَرُهُمْ فَاسِقُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر [5]. ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر [6]. الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قارىشىچە، (ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان) مۇشرىكلاردا قانداقمۇ مۇئاھىدە دېگەن نەرسە بولسۇن!؟ ئەمما مەسجىدى ھەرەم قېشىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار ئەگەر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار؛ شۈبھىسىزكى، الله تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگاردىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ [7]. مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن!؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خۇش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، كۆڭۈللىرى ئاداۋەت ۋە نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [8]» (سۈرە تەۋبە 5- ئايەتتىن 8- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

قۇرئاننىڭ بايان قىلىش جەريانى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى مۇشرىكلاردىن تازىلاش ئۈچۈن مۇشرىكلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھالىتىدە كېتىۋاتىدۇ چۈنكى ئەرەب يېرىم ئارىلى دارۇل ئىسلام (يەنى ئىسلام دىيارى) ۋە ئىسلامنى ساقلىغۇچى قورغاندۇر شۇڭا الله تعالى ئۆزىنىڭ رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەرگە: «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە...»، يەنى ئەھدىسى يوق مۇشرىكلارغا سىلەر ئامانلىق بەرگەن؛ ياكى تۆت ئايدىن تۆۋەن، ياكى تۆت ئايدىن يۇقىرى مۇددەت ئەھدە تۈزۈشكەن ۋە ياكى شۇ مۇشرىكلار بىلەن چەك قويۇلمىغان ھالدا ئەھدە تۈزۈشكەن شۇ مۇددەتتىن ئىبارەت ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار تۈگىسە، «(رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆلتۈرۈشتىن توسقان، ئايال، كىچىك بالا ۋە راھىبتىن باشقا بارلىق) مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار»، يەنى مەيلى ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن ئوخشاشلا ئۆلتۈرۈڭلار. «ئەسىرگە ئېلىڭلار»، (ئۇلار تەسلىم بولغانغا قەدەر) «قورشاڭلار». «ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار»، يەنى ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىنى توسۇڭلار، تاكى ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ھالەتتە ياكى تەسلىم بولغان ھالەتتە سىلەرگە تاپشۇرسۇن. «ئەگەر ئۇلار (شېرىكتىن ۋە سىلەرگە ئۇرۇش قىلىشتىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان بولسا) ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر».

پاناھ سوراپ كەلگەن مۇشرىكلارغا الله نىڭ كالامىنى ئاڭلاپ ئىسلام دەۋىتىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن الله تعالى 6- ئايەتتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى پاناھلىق بېرىشكە بۇيرۇدى. مۇشرىكلار بۇنىڭدىن كېيىن ئىختىيارلىقتا بولىدۇ. ئەگەر خالىسا مۇسۇلمان بولىدۇ، مانا بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن خاتىرجەم بولىدىغان جايغا ئاپىرىپ قويىدۇ. مانا بۇ — الله تعالى نىڭ: «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

كېيىنكى ئايەتتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قارىشىچە، (ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان) مۇشرىكلاردا قانداقمۇ مۇئاھىدە دېگەن نەرسە بولسۇن!؟» يەنى الله نىڭ بۇ خىل سوئال تاشلىشى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئىنكار قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى، بۇ دېگەنلىك — مۇشرىكلار ھېچقاچان ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ، ئۇلار ئەھدىگە خىيانەت قىلىدىغانلاردۇر دېگەنلىك بولىدۇ. «ئەمما مەسجىدى ھەرەم قېشىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار ئەگەر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگاردىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ.» يەنى، بۇلار بەكرى ئىبنى كىنانە قەبىلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى بولۇپ، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلار بىلەن ئەھدىلەشكەن شۇ پەيتتە، بۇلار ھەرەم زېمىنىغا خوشنا ياشايتتى شۇڭا ئۇلار ئەھدىسىدە تۇرسىلا مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزمايتتى. يەنى، ئەگەر ئۇلار ئەھدىسىدە مۇستەھكەم تۇرسا مۇسۇلمانلارمۇ مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئۇلارنى بۇنداق قىلىش — ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىش ۋە الله تىن قورقانلىقتىندۇر چۈنكى الله ئەھدىگە خىيانەت قىلىشنى ئۆچ كۆرىدۇ، الله تىن قورققۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

الله تعالى كېيىنكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن!؟» يەنى بۇ يەردىكى سوئالمۇ ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىشنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. يەنى، مۇشرىكلار قانداقمۇ سىلەرگە بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلسۇن!؟ «ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ.» يەنى ئۇلار نە الله قا، نە تۇغقانچىلىققا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلماستىن سىلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىدۇ. «سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خۇش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، كۆڭۈللىرى ئاداۋەت ۋە نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر». يەنى ئۇلار ئىتائەتنى تونۇمايدۇ، نە دىنغا نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. مانا بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى مۇشرىكلاردىن تازىلاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ۋە ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلىشقا قوزغاشنى مەقسەت قىلغان.

### بۇ ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدە تۈزگەنلەر ئەھدىسىنى بۇزمىسىلا، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ پەرزلىكى.

ئىككىنچى، جەڭدە شىددەتلىك بولۇش ۋە شىددەت بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ قارار قىلىنغانلىقى.

ئۈچىنچى، ئەرەب يېرىم ئارىلى دارۇل ئىسلام بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ھەرقانداق كۇفرى ۋە شېرىكتىن تازىلاشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، ناماز ئوقۇش ئىماننىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىر شەرت ئىكەنلىكى؛ كىمكى نامازنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ مۇئمىن ئەمەس بەلكى كاپىر ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، باشقا مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا پاناھلىق بەرسە قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى كېرەكلىكى، مۇسۇلمانلار كاپىر دۆلەتلەرنىڭ مۇسۇلمان دۆلەتكە كەلگەن ئەلچىلىرى ۋە ۋەكىللىرىگە بېرىلگەن ئامانلىققا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكى.

ئالتىنچى، ھەرقانداق بىر كاپىر ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىسلام دىيارىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماسلىق كېرەكلىكى.

يەتتىنچى، قۇرئان ئۆزىنىڭ ھەرپلىرى ۋە مەنىلىرى بىلەن ھەقىقەتەن الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر».

سەككىزىنچى، الله تعالى نى دائىم ئۆزىگە كۆزەتچى دەپ ئېتىقاد قىلىش، تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلىش ۋە ئەھدىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىدۇكى، تەقدىر — الله تعالى نىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە يوشۇرۇن تۇتقان سىرىدۇر. بۇ سىردىن ھېچبىر مەلەك مۇقەررەب (يەنى الله قا يېقىنلاشتۇرۇلغان پەرىشتە) ۋە ھېچبىر ئەلچى ھەم پەيغەمبەر خەۋەردار بولغان ئەمەس. بۇ سىرنى مەخلۇقاتلاردىن ھېچكىم بىلەلمەيدۇ لېكىن بىلىشكە توغرا كەلسە شۇ سىر يەر يۈزىدە يۈز بەرگەندىن كېيىن بىلەلىشى مۇمكىن شۇڭا تەقدىر ھەققىدە چوڭقۇرلاپ ئوي-پىكىر يۈرگۈزۈش ئازغۇنلۇقتۇر چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ﴾ «الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ [23]» (سۈرە ئەنبىيا 23- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە مۇتلەق تەسلىم بولىدۇ ۋە قارشى مەزھەپتىكىلەرگە بۇ ئايەتنى ھۆججەت قىلىدۇ: ﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكْكُمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنْتُمْ فِي بُرُوجٍ مُشَيَّدَةٍ وَإِنْ تُصِبْهُمْ حَسَنَةٌ يَقُولُوا هَذِهِ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَإِنْ تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَقُولُوا هَذِهِ مِنْ عِنْدِكَ قُلْ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ فَمَالِ هَؤُلَاءِ الْقَوْمِ لَا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ حَدِيثًا﴾ «(ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى: <(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى الله تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى الله ياراتقاندۇر)>. بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ [78]» (سۈرە نىسا 78- ئايەت).

بەندە تەقدىرگە خۇددى ساھابە، تابىئىن ۋە تابىئى تابىئىنلاردىن ئىبارەت سەلەف سالىھلار ئىمان كەلتۈرگەندەك سەھىھ ئىمان كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆز رەببىگە ھەقىقىي ئىبادەت قىلغۇچىغا ئايلىنالايدۇ-دە، ئاخىرەتتە الله نىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەن پەيغەمبەر، سىددىق، شەھىد ۋە سالىھلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل «بىرگە بولۇش»-ھە!

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَنَس رَضِي اللَّه عَنْه قَالَ: غَابَ عَمِّي أَنَسُ بْنُ النَّضْرِ عَنْ قِتَالِ بَدْرٍ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، غِبْتُ عَنْ أَوَّلِ قِتَالٍ قَاتَلْتَ الْمُشْرِكِينَ لَئِنِ اللَّهُ أَشْهَدَنِي قِتَالَ الْمُشْرِكِينَ لَيَرَيَنَّ اللَّهُ مَا أَصْنَعُ. فَلَمَّا كَانَ يَوْمُ أُحُدٍ وَانْكَشَفَ الْمُسْلِمُونَ قَالَ: اللَّهُمَّ إِنِّي أَعْتَذِرُ إِلَيْكَ مِمَّا صَنَعَ هَؤُلَاءِ يَعْنِي أَصْحَابَهُ وَأَبْرَأُ إِلَيْكَ مِمَّا صَنَعَ هَؤُلَاءِ يَعْنِي الْمُشْرِكِينَ ثُمَّ تَقَدَّمَ فَاسْتَقْبَلَهُ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ فَقَالَ يَا سَعْدُ بْنَ مُعَاذٍ الْجَنَّةَ وَرَبِّ النَّضْرِ إِنِّي أَجِدُ رِيحَهَا مِنْ دُونِ أُحُدٍ! قَالَ سَعْدٌ: فَمَا اسْتَطَعْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ مَا صَنَعَ! قَالَ أَنَسٌ: فَوَجَدْنَا بِهِ بِضْعًا وَثَمَانِينَ ضَرْبَةً بِالسَّيْفِ أَوْ طَعْنَةً بِرُمْحٍ أَوْ رَمْيَةً بِسَهْمٍ وَوَجَدْنَاهُ قَدْ قُتِلَ وَقَدْ مَثَّلَ بِهِ الْمُشْرِكُونَ فَمَا عَرَفَهُ أَحَدٌ إِلَّا أُخْتُهُ بِبَنَانِهِ قَالَ أَنَسٌ: كُنَّا نُرَى أَوْ نَظُنُّ أَنَّ هَذِهِ الْآيَةَ نَزَلَتْ فِيهِ وَفِي أَشْبَاهِهِ ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ﴾ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ (صحيح البخاري).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر بەدر جېڭىگە قاتنىشالماي قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مۇشرىكلارغا قارشى قىلغان تۇنجى جەڭگە مەن قاتنىشالماي قالدىم. ئەگەر الله مېنى مۇشرىكلارغا قارشى جەڭگە ھازىر قىلىدىغان بولسا، مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى كىشىلەرگە چوقۇم كۆرسىتىپ قويىدۇ> دېدى. كېيىن ئۇ ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى (ئوقچىلار قىسمىنىڭ تاغدىن چۈشۈپ ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقى سەۋەبىدىن) مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا تەرەپ (ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

مۇداپىئە سېپى يوق بولۇپ قالغان بىر پەيتتە، ئۇ: <ئى الله! مەن ساڭا بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى بۇيرۇققا ئىتائەتسىزلىك قىلغان مۇجاھىدلارنى دېمەكچى) ۋە ئاۋۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى مۇشرىكلارنى دېمەكچى) ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىمنى بايان قىلىمەن> دېدى-دە، ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا پەيدا بولدى. ئۇ: <ئى سەئىد ئىبنى مۇئاز! مەن جەننەتنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن، نەزىرنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مانا مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن> دېدى. سەئىد رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئەنەس قىلغان ئىشنى قىلالمىدىم> دېدى». ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز تاغام ئەنەسنى 80 نەچچە يېرىگە قىلىچ، ياكى نەيزە، ياكى ئوق تەگكەن ۋە مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئەزالىرى كېسىۋېلىنغان ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇنى سىڭلىسىدىن باشقا ھېچكىم تونۇيالمىدى. سىڭلىسى ئۇنى بارماقلىرىدىن تونۇۋالغانىدى». ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز <مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق> (سۈرە ئەھزاب 23- ئايەت) دېگەن ئايەتنى تاغام ئەنەس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان دەپ قارايتتۇق» (بۇخارى توپلىغان).

## ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە بەدرگە قاتنىشالمىغان ئىدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بەدرگە جەڭ قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن پەقەت قۇرەيشلەرنىڭ سودا كارۋىنىنى بۇلاش مەقسىتىدىلا چىققان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن پەقەت 310 نەچچە كىشى بار بولۇپ، ئۇلاردا 70 تۆگە، ئىككى ئاتتىن باشقا قاتناش قورالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاغلىرىغا نۆۋەتلىشىپ مىنىشەتتى. كۆپلىگەن ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ يۈرۈشىنى غازات ئەمەس دەپ قارىغانلىقتىن بۇ جەڭگە قاتناشمىغانىدى، بۇ جەڭگە پەقەت كىشىلەر ئىچىدىكى يېنىك قوراللانغانلارلا قاتناشقان ئىدى. ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ گە مۇشرىكلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى جەڭگە قاتنىشالمىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «ئەگەر بۇ قېتىملىق جەڭگە قاتنىشالايدىغان بولسام، الله بىلەن قەسەمكى! الله مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى چوقۇم كۆرىدۇ» دېدى. بەدر غازىتى بولۇپ بىر يىل بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇھۇد غازىتى بولدى. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىقىپ جەڭ قىلىشتى. چۈشتىن بۇرۇن غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولدى لېكىن مەرگەنلەر پەيغەمبەر ﷺ تۇرۇشقا بۇيرۇغان تاغدىن چۈشۈپ ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرى مۇسۇلمانلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرەپ مۇداپىئە سېپى ئېچىلىپ قالغانلىقتىن مەغلۇبىيەت يۈز بەردى شۇڭا ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه ئالغا ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىزلىك قىلغان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئى الله! بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن مېنى سوئال-سوراققا تارتمىغىن» دېدى. ئاندىن مۇشرىكلارنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئى الله! بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى مېنى سوئال-سوراققا تارتمىغىن» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه غا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن: «قەيەرگە ماڭدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «ئى سەئىد! مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مانا بۇ پۇراش، مانا بۇ ھېس-تۇيغۇ — ھەقىقىي پۇراش ۋە ھەقىقىي ھېس-تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ خىيالى ياكى ۋەھمى بىر ئىش ئەمەس بەلكى ئۇ الله نىڭ كارامەتلىرىدىندۇر. مانا بۇ كىشى ئىككىلىنىپ قالماستىن، توختاپ قالماستىن ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن شەھىد قىلىنىشتىن ئىلگىرى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى، جەڭ قىلدى، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ شەھىد قىلىنغاندا 80 نەچچە يېرىدە قىلىچ، ياكى نەيزە، ياكى ئوقيانىڭ ئىزى تېپىلدى. ھەتتاكى ئۇنىڭ تېرىلىرى تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەندى شۇڭا ئۇنى ھەمشىرىسىدىن باشقا ھېچكىم تونۇيالمىدى. ئۇنىڭ ھەمشىرىسىمۇ ئۇنى پەقەت بارماقلىرى ئارقىلىقلا تونۇيالىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق» (سۈرە ئەھزاب 23- ئايەت) دېگەن بۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه ھەققىدە چۈشكەن دەپ قارىشاتتى. شەك يوقكى، ئەنەس رضي الله عنه ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەر مۇشۇ ئايەتكە بىرىنچى بولۇپ كىرىپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر چۈنكى ئۇلار الله بىلەن قىلىشقان مۇنۇ ئەھدىسىدە راستچىل بولغانلاردۇر: «الله بىلەن قەسەمكى! الله مېنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى چوقۇم كۆرىدۇ». مانا مۇنداق ئەھدىسىگە راستچىل بولۇشنى الله ئۆز ئېھسانى بىلەن ئاتا قىلمىسا ھېچكىم قىلالمايدۇ.

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ئىنسان الله قا ئىتائەت قىلالىشى ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە قارشى دائىم جىھاد قىلىشى كېرەكلىكى. يەنى نەپسىنى بويسۇندۇرۇشقا قاتتىق تىرىشىشى كېرەكلىكى چۈنكى ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشتەك مانا مۇشۇنداق كاتتا چوڭ جىھادنى قىلالىغانلىقى ئۈچۈنلا، مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن ھالەتتىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ شەھىدلىككە ئېرىشكەن.

ئىككىنچى، ياخشى ئىش توغرىسىدا الله قا ۋەدە قىلىش ۋە ئۆز نەپسىنى پەزىلەتلىك ئىشلارغا مەجبۇرلاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ جەننەتكە بولغان ئىشتىياقى ۋە شەھىدلىكنى تەلەپ قىلىشتىكى راستچىل ۋە سەمىمىيلىكى.

تۆتىنچى، كىمكى شەھىدلىكنى راستچىللىق بىلەن تەلەپ قىلسا، الله ئۇنى راستىنلا شەھىدلىككە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى، ئۇنى شەھىدلىكنىڭ يوللىرىغا يېتەكلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دىلىنى شەھىدلىككە ئېچىۋېتىدىغانلىقى، ھەتتا شەھىدلىكنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆزىنىڭ روھى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن تاپالايدىغانلىقى.




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇ (يېڭى خاۋارىج)لارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەنە شۇ (كونا خاۋارىج)لارنىڭ گۇناھىي كەبىرە قىلغان مۇسۇلمانلار ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى «بىز خاۋارىج» دەپ ئۇچۇق ئېيتمىسىمۇ. چۈنكى، بۇلار گۇناھىي كەبىرە (يەنى چوڭ گۇناھ) بولمىغان ئىشلار ياكى مۇباھ ئىشلار سەۋەبلىك مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىشىدۇ.

بۇلارنىڭ يەنە بىر قوشۇمچە ئالامىتى ۋە سۈپىتى شۇكى، بۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشمايدىغان پىكىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ياخشى ئىشىنى كۆرگەندە ئۇلارغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ بەلكى ئۇلارغا «مۇناپىق»، «غالچا»، «خائىن» ۋە «الله نىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ھەم مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمىنى» دېگەندەك بەتناملارنى چاپلايدۇ. ئۇلارنىڭ سەمىمىيىتى ۋە ساداقىتىگە باشقىلارنى شەكلەندۈرىدۇ ھەمدە شۇ مۇسۇلمانلارغا تەكفىر (يەنى كاپىرغا چىقىرىش) مەنىسىنى ئۆتكۈزىدىغان ئىسىملار بىلەن بوھتان چاپلايدۇ. مەسىلەن، «كاززاب»، «الله نىڭ دۈشمىنى»، «جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ دۈشمىنى»، «خائىن»، «غالچا»، «بۇنىڭ كەينىدە كاپىرنىڭ قولى بار»، «بۇ دېگەن تاجاۋۇزچى كاپىرلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش تەكفىر ۋە دىندىن چىقىرىۋېتىش مەنىسىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنگە ئوخشاش.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر (مۇسۇلمان) كىشىنى <كاپىر> دېسە، ياكى <الله نىڭ دۈشمىنى> دېسە ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر گەپنى دېسە، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىسا، ئۇنداقتا، بۇ سۈپەت ئەنە شۇ سۆزنى دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

ئۇلارنىڭ يەنە بىر قوشۇمچە سۈپىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى-خاھىشى، شۈبھىلىك دەلىللىرى ۋە بىلىمسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن گۇناھىي سەغىرە (يەنى كىچىك گۇناھلار)نى تەدرىجى ھالدا گۇناھىي كەبىرە (يەنى چوڭ گۇناھ) دەرىجىسىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن كۇفۇر دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ-دە، نەتىجىدە شۇ گۇناھىي سەغىرە قىلغۇچىلارنىڭ قېنىغا، مېلىغا ۋە نومۇسىغا چېقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مانا بۇ سۈپىتى قەدىمكى خاۋارىجلارنىڭ تەكفىر ھەققىدىكى مەنھەجى (پرىنسىپى)گە تامامەن چۈشىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### ئالدىنقى ساندىكى ۋەقەلىكتىن ئېلىنغان پايدىلارنىڭ داۋامى

ئىككىنچى، ئىنساندىكى ھەق ئىگىلىرىگە بولغان زىيادە ئۆچمەنلىك شۇ ئىنساننىڭ قەلبىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىغانلىقى. شۇ تۈپەيلىدىن بۇ تۆت كاپىر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك قەدىر-قىممىتىنى بىلمەستىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلغان.

ئۈچىنچى، دىن يولىدا ماڭغانلارغا زۇلۇم قىلغان زالىملارغا قارشى بەددۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇجاھىدلار جامائىتىگە ئازار بەرگەن ياكى بۆلگۈنچىلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە، ھەتتا بۇ دۇنيادىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ياربلانغان ھالەتتىمۇ جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرغانلىقى — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىزباسارى بولغان جىھادىي ھەرىكەت مەسئۇللىرىغا يارقىن ئۈلگە ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ گۇناھ ئىشلەش ھەتتا ئۈممەتنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ئەزىيەت تارتىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈممەتنىڭ زىيان تارتىشى ياكى شۇ گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئۆزىگە زىيان بولۇشى ۋە ياكى ئاخىرەتتىكى زىيان تارتىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

يەتتىنچى، دۇئانىڭ قاچان ئىجابەت بولۇشى الله نىڭ ھېكمىتىگە باغلىق ئىكەنلىكى. الله بەزى دۇئالارنى شۇ ھامان ئىجابەت قىلسا، بەزى دۇئالارنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۇزۇن زاماندىن كېيىن ئىجابەت قىلىدۇ. شۇڭا بىزلەر: «دۇئا قىلسام نېمىشقا تېز ئىجابەت بولمايدۇ؟» دېمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش دۇئانىڭ ئەدەب-قائىدىلىرىگە زىت شۇنداقلا دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنى توسقۇچى ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

سەككىزىنچى، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش (يەنى شۇرا قىلىش) ئۇسلۇبى

ساھابىلەرگە قاتتىق بېسىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى شۇ ساھابىلەرگە مەسلىھەت تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇش — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى ئىدى.

توققۇزىنچى، ئىشتا بىر قارارغا كەلگەندە الله قا تەۋەككۈل قىلىش

قوماندان كىشى ئەگەر بىرەر قارارنى چىقارسا، بۇ قارارنى يۇرگۈزۈشتە ئىككىلىنىشى ياكى ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشى لايىق ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭغا بۇ پىكىرنى مەسلىھەت بەرگەن ھەمراھلىرى ئۇ قاراردىن يېنىۋالغان تەقدىردىمۇ. چۈنكى، ئىككىلىنىش — زەئىپلىك؛ كەينىگە داجىش بولسا بوشاڭلىقتۇر. بۇنداق بولغاندا، قوماندانىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قوماندانغا ئىتائەت قىلىشتا ئىككىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قارارنى ئىجرا قىلىشتا ئىككىلىنىپ قېلىشنىڭ سەۋەبى — بىرىنچىدىن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ زەئىپلىكى؛ ئىككىنچىدىن، ئېرىشكەن مەلۇماتنىڭ زەئىپلىكى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىستىدات، قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارنىڭ ئاجىزلىقى؛ تۆتىنچىدىن، غەلىبىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق ۋە تەلپۈنۈشنىڭ زەئىپلىكى قاتارلىقلاردۇر. دېمەك، ئۆزىدە ئىشەنچ بولۇش ۋە غەلىبىگە ئۈمىدۋار بولۇش ئىمانغا باغلىنىشلىق ئىشتۇر شۇڭا كۈچلۈك ئىمان تېپىلسا، مۇستەھكەم تۇرۇش، ئىشەنچ، تەۋەككۈل ۋە غەلىبىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

ئەسكەرتىش: قارارنى ئىجرا قىلىشتا ئىككىلەنمەستىن مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ

(ئاخىرى 3- بەتتە)




# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)

# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### 3. ۋاخان كارىدورىدىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ ئېگىزلىك ۋە كوردىناتلار جەدۋىلى

(جەدۋەلدىكى ئېگىزلىك شۇ ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ)

قەلئەيىپەنجە ياكى غازخاندىن شىكارگاھ دەرياسى جىلغىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئورۇنلار

| ئېگىزلىك | شەرقىي ئۇزۇنلۇق | شىمالىي كەڭلىك | ئىزاھات | قوشۇمچە | جاي نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| خاتىرىلەنمىگەن | 72 46 324 E | 36 59 180 N | | سىيست كۆۋرۈكى | Syst Bridge |
| 3000 m | 72 36 559 E | 37 00 552 N | يېزا | غازخان | Ghaz Khan |
| 3270 m | 72 42 818 E | 37 04 984 N | | چوڭ دارگاۋ | Dargaw-e-kalan |
| 3000 m | 72 41 696 E | 37 03 655 N | تاجىكىستانغا بارىدۇ | پرىپ كۆۋرۈكى | Prip Bridge |
| 3375 m | 72 442 889 E | 37 04 932 N | ئېگىزلىك | دەشتى شاب | Shab dasht |
| 3300 m | 72 44 067 E | 37 06 774 N | | ئىسسىق ۋادا | Isik wada |
| 4215 m | 72 45 744 E | 37 05 434 N | تاشلىۋېتىلگەن يايلاق | ۋارۋارم جىلغىسى | Watwarm valley |
| 3525 m | 72 43 988 E | 37 05 551 N | | ياپغاز يايلىقى | Yapgaz aylaq |
| 3290 m | 72 43 545 E | 37 07 434 N | | گۇرۋاش جاڭگىلى | Jangal-e-Gurvash |
| 3400 m | 72 45 532 E | 37 07 347 N | | پورسان يايلىقى | Porsan aylaq |
| 3340 m | 72 45 023 E | 37 08 271 N | | دارگانى پورسان | Dargan-e-porsan |
| | | خاتىرىلەنمىگەن | ئېگىزلىك | قار دەشت | Khar Dasht |
| | | خاتىرىلەنمىگەن | | دارگانى سىنىن | Dargan-e-Sinin |
| 3545 m | 72 45 981 E | 37 09 023 N | ئېگىزلىك | دەشتى سچتۇر | Dasht-e-schtur |
| 3700 m | 72 48 330 E | 37 09 690 N | ئېگىزلىك | دەشتى ساملاق | Dasht-e-samlak |
| | | خاتىرىلەنمىگەن | | دارگانى زارناۋ | Dargan-e-zarnow |
| 3785 m | 72 46 882 E | 37 11 459 N | يول ئۈستىدىكى نۇقتا | بىسپىرى ياخت | Bisper-e-Yakht |
| 3700 m | 72 47 214 E | 37 11 945 N | ئېگىزلىك | دەشتى ۋارزانت | Dasht-e-Varzant |
| | | خاتىرىلەنمىگەن | | دارگانى ۋارزانت | Dargan-e-Varzant |
| 3800 m | 72 48 137 E | 37 12 783 N | ئېگىزلىك | دەشتى جامغۇز | Dasht-e-Jamghuz-e |
| 3930 m | 72 51 265 E | 37 11 862 N | | فايىز رايزان زىيارا، دۇارخان يايلىقى، زامان تۇرالغۇسى | Faiz Raizan ziyara, Duar Khan aylaq, Zaman's camp |
| 3940 m | 72 48 445 E | 37 12 989 N | | رايىش كەيگار | Raish Kaigar |
| 3970 m | 72 52 307 E | 37 11 329 N | | فاراك شىكار يايلىقى | Farak Shikar aylaq |
| 4110 m | 72 54 400 E | 37 10 457 N | | چېشايىن | Cheshain |
| 4400 m | 72 55 642 E | 37 10 195 N | ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى | شىكارگاھ جىلغىسى | Shikargah valley |
| 4255 m | 72 57 385 E | 37 09 27 N | چارۋىچىلىق مەيدانى | دەرراھبەگ يايلىقى | Darrah Beg aylaq |
| 4200 m | 72 57 993 E | 37 08 58 N | كونا چارۋىچىلىق مەيدانى | گەنجاب | GanJab |
| 4600 m | 73 00 229 E | 37 06 32 N | | جۇن ئەلى | Jun ali |
| 4750 m | 73 00 978 E | 37 05 73 N | ھاۋزى كۆلىنىڭ ئۈستى | ھاۋزى چەپ | Hawz-e-Chap |

(بېشى 2- بەتتە)

شەرتى شۇكى:

1. قارار چىققاندىن كېيىن، چىقىرىلغان قارارغا زىت كېلىدىغان ئوچۇق ئايەت ياكى ھەدىس ۋە ياكى ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى (يەنى بىرلىككە كەلگەن پەتىۋاسى) ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولۇش؛ 2. قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن شۇرا ئەھلىگە شۇ قارارىدا جەزمىي ياكى جەزمىگە يېقىن بولغان غالىب گۇمانلىق بىر زىيان ئايان بولماسلىق.

ئونىنچى، نىفاقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى

مۇناپىق ئەڭ قىيىنچىلىق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقماي قالمايدۇ چۈنكى مۇناپىق ئىككى ئىشنىڭ بىرى تۈپەيلىدىن ئىسلام ياكى جىھاد تونىغا ئورۇنىۋالىدۇ:

1. ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلىۋاتقان غەنىيمەت؛
2. ئۇ ئەنسىرەۋاتقان مۇسىبەت، ئېغىر ئىمتىھان ۋە قىيىنچىلىقلار.

ئون بىرىنچى، بالا-مۇسىبەت ۋە ئىمتىھانلار پاكلاش ئۈچۈندۇر

شۈبھىسىزكى، الله تعالى ياماننى ياخشىدىن ئايرىش ئۈچۈن پات-پات مۇسىبەت ۋە بالالارنى ئەۋەتىپ ئىمتىھان قىلىپ تۇرىدۇ شۇڭا ئۇھۇد ۋەقەسى راستچىل مۇئمىنلەر بىلەن راستچىل ئەمەسلەرنى ئايرىش ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئىدى.

ئون ئىككىنچى، مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىماسلىق

رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇشرىكلارغا قارشى يەھۇدىيلارنى ياردەمچى قىلىپ جەڭگە قاتناشتۇرۇش تەكلىپى بېرىلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى — يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ئورتاق مەنپەئەت بولغانلىقى (قالغان ھېكمەتنى الله ياخشى بىلگۈچىدۇر)، ئۇلاردىن ئەمىن بولالمىغانلىق ۋە يەھۇدىيلار بۈتۈپەرەس مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلىشتا سەمىمىي بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنە شۇنداق قىلغان.

ئون ئۈچىنچى، مۇسۇلمان ياشلارنىڭ جىھادقا قىزىقىشى

مۇسۇلمان ياشلار الله يولىدىكى جىھادقا قوزغالغان ۋاقىتتا، ئۇ ياشلارنىڭ ئىچىدە يېشى 15 كە يەتمىگەنلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق، ئۇلارنىڭ جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئىنتىلىشى مىسلىسىز بىر قىزغىنلىق بولغان. ئۇلارنى جىھادقا ئىنتىلدۈرگەن نەرسە پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە مۇستەھكەم ئورنىغان ئىماندىنلا ئىبارەت ئىدى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ بۇ جەڭگە ئىشتىراك قىلىشىغا يول قويمىدى چۈنكى ئۇرۇش دېگەن كۈچ-قۇۋۋەت، خۇبرەت (يەنى تەجرىبە) ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ شۇنداقلا بۇ يەردە تەتبىقلىنىش ۋاجىب بولغان باشقا بىر قاتار ئۆلچەملەر ھەم مەۋجۇت.

ئون تۆتىنچى، جىھاد چاقىرىقىغا «لەببەيك» دېيىش

مۇسۇلمان جىھادقا چاقىرىپ كەلگۈچىلەرنىڭ جىھاد چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا، چاقىرغۇچىغا ئىككىلەنمەستىن «لەببەيك» دەپ ئاۋاز قوشىدۇ. جىھاد چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشنىڭ تېزلىكىدىن ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايدۇ، ھەتتاكى جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنۇشمۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ئالايلۇق، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە پەرىشتىلەرنىڭ غۇسلى قىلدۇرۇشىغا ئېرىشكەن ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ ئامىر رضي الله عنه جىھادقا جۇنۇپ تۇرۇپ ۋە شۇ كېچىدە يېڭى توي قىلغان تۇرۇپ ئاتلىنىپ كەتكەن.

ئون بەشىنچى، ئەسكىرىي جەھەتتە ماھىرلىق

رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇننى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە پۇختا بىر ھالەتتە تەشكىللەپ رەتلەپ چىقتى شۇنداقلا ئوقياچىلارنىڭ قوماندانىغا كەسكىن بۇيرۇق بەردى. ئوقياچىلار مەيلى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت كۆرۈلسۇن ھەر ئىككىلا ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدىن ئايرىلماي مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ 8- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ دايكەندى ۋىلايىتى ئەجرىستان رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇم ئاۋۋال بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىزنىڭ پارتلاتقۇچ مادداغا بېسىلغان ماشىنىنى ئەسكىرىي بازىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ توختىتىپ قويۇپ، يېنىپ چىقىپ ماشىنىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ پارتلىتىشى بىلەن باشلانغان. ئاندىن كېيىن مۇجاھىدلار بازا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ قاتتىق جەڭ قىلىپ مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 25 نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرىنى ئەسىر ئالغان، بازا ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان ھەمدە بۇ ئەسكىرىي بازىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان.

■ فىراتفوس خەۋەر تور بېتىنىڭ 8- ئاينىڭ 11- كۈنىدىكى خەۋىرىدە ئاشكارىلىشىچە، ئىران ئارمىيىسى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە 25 نەپەر بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ئۆلگەن. بۇ ھۇجۇمنىڭ سەۋەبى — ئىككى كۈن بۇرۇن بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ئىراننىڭ پاتىمىيون بىرىگادىسىغا تەۋە بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل بىلەن بىر نەپەر ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلىغان. بۇ توقۇنۇشتا ئېغىر قۇراللارمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئەتراپتىكى رايونلاردا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن. بۇ ئۇرۇش 8- ئاينىڭ 8- كۈنى باشلانغان بولۇپ، 8- ئاينىڭ 11- كۈنىگە كەلگەندە ئىران ئارمىيىسى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىگە قارىتا قىساس ئېلىش ھەرىكىتى قوزغىغان.

■ 8- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ مەيدان ۋەرداك ۋىلايىتى شېرزاي بابا رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 10 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى بىلەن 35 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 8- ئاينىڭ 13- كۈنى تۇنىس پرېزىدېنتى تۇنىسنىڭ مىراس قانۇنىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، يەنى مىراس مەسىلىسىدە ئەر-ئايال ئورتاق بولۇش كېرەكلىكىنى يولغا قويۇدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا: «تۇنىس بولسا بىر مەدەنىيەتلىك دۆلەت. بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنى بولسا دۆلەت دەستۇرى، بۇنىڭ مەنبەسىنىڭ دىن ۋە قۇرئان بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق» دېگەن.

■ 8- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ يادو رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر كېنىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 8- ئاينىڭ 14- كۈنى ئىتالىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدىكى موراندى كۆۋرۈكى بۆسۈلۈپ كېتىش نەتىجىسىدە جېنىدىن ئايرىلغانلارنىڭ سانى 35 كە يەتكەن.

■ 8- ئاينىڭ 15- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى سەنجىخارىس رايونىدا خەيرى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل قول ئاستىدىكى 100 نەپەر ئەسكەر بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىغا قېتىلغان ۋە بۇلارنىڭ ئىمارەت مۇجاھىدلىرىغا قېتىلغانلىقى سەۋەبلىك بۇ رايوندىكى بىر قانچە يېزىلار مۇجاھىدلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن.

■ 8- ئاينىڭ 18- كۈنى رويتېرس خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پاكىستان گېنېراللىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى توختاتقان. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ — پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىغانلىقىدىن ئىكەن. بۇ ئىش سەۋەبلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىلگىرى پاكىستان ئارمىيىسىگە بېرىپ تۇرغان ئىلغار تىپتىكى تىك ئۇچار ئايروپىلانلىرىنى قايتۇرۇۋالغان.

■ دانىيە ھۆكۈمىتى نىقاب تاقاپ سىرتقا چىققان مۇسۇلمان ئاياللارغا قارىتا جەرىمانە ئېلىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، فرانسىيىلىك چوڭ تىجارەتچى راشىدىن جەرىمانە قويۇلغان ئاياللارنىڭ جەرىمانە پۇللىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. دانىيە ھۆكۈمىتى بۇ تىجارەتچىنىڭ سۆزىگە قارشى نىقاب كىيگەن ئاياللارنى تۈرمىگە قاماشنى مەسلىھەتلەشكەن.

■ 8- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بەلخ ۋىلايىتى شورى تىپا رايونىدا بىر نەپەر ساقچى باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 13 نەپەر ساقچى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەنگلىيىنىڭ بىرتىش ئېرۋىس شىركىتى بىلەن فرانسىيىنىڭ ئېرۇ فرانس شىركىتى ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا قىلغان ئېمبارگوسى سەۋەبلىك ئىرانغا قاتنايدىغان ئايروپىلانلىرىنى 9- ئايدىن باشلاپ توختىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن باشلاپ پاكىستان پايتەختى ئىسلامئابادتىكى نەچچە يۈزلىگەن مۇسۇلمانلار پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن گوللاندىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ نامايىشقا چىققان. بۇنىڭ سەۋەبى — گوللاندىيە ئەركىنلىك پارتىيە رەئىسى گېرىد ۋاردىس بۇ يىل 11- ئايدا ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ رەسىمىنى سىزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ — مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنى رۇسىيىنىڭ «نىزافى سامايا» گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە، ئامېرىكا ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ ھاساكا ۋىلايىتى شىدادى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا سۇرىيە بويىچە ئەڭ چوڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇرۇشنى باشلىغانلىقىنى ۋە بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن رۇسىيىنىڭ ھۇمەيمىم ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىنمۇ چوڭراق ۋە كۈچلۈكرەك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر |
|---|---|---|
| زَمَانٌ | زامان، ۋاقىت | مَا رَأَيْتُهُ مُنْذُ زَمَانٍ طَوِيلٍ — مەن ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى كۆرمىدىم |
| سَنَةٌ | يىل | لَبِثْتُ فِي تِلْكَ الْقَرْيَةِ سَنَةً — مەن ئۇ يېزىدا بىر يىل تۇردۇم |
| شَهْرٌ | ئاي | كَمْ شَهْرًا تَدْرُسُ فِي سَنَةٍ؟ — سەن بىر يىلدا قانچە ئاي ئوقۇيسەن؟ |
| أُسْبُوعٌ | ھەپتە | أَيْنَ ذَهَبْتَ فِي الْأُسْبُوعِ الْمَاضِي؟ — سەن ئۆتكەن ھەپتە نەگە باردىڭ؟ |
| اَوَّلٌ | بېشى | أَذْهَبُ إِلَى الْمَدْرَسَةِ فِي أَوَّلِ الشَّهْرِ الْآتِي – مەن كېلەر ئاينىڭ بېشىدا مەدرىسكە بارىمەن |
| آخِرٌ | ئاخىرى | هَلْ تَرْجِعُ فِي آخِرِ الشَّهْرِ الْآتِي؟ – سەن كېلەر ئاينىڭ ئاخىرى قايتىپ كېلەمسەن؟ |
| وَسَطٌ | ئوتتۇرىسى | أَرْجِعُ فِي وَسَطِ هَذَا الشَّهْرِ - مەن مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى قايتىپ كېلىمەن |
| الْمَاضِي | ئۆتكەنكى ۋاقىت | أَيْنَ كُنْتَ فِي الشَّهْرِ الْمَاضِي؟ — سەن ئۆتكەن ئايدا قەيەردە ئىدىڭ؟ |
| الْآتِي | كېلەچەك | أَذْهَبُ إِلَى إِدْلِبَ فِي الْأُسْبُوعِ الْآتِي — مەن كېلەر ھەپتە ئىدلىبقا بارىمەن |
| الْحَاضِرُ | ھازىرقى ۋاقىت | لَا تَلْعَبْ فِي الْوَقْتِ الْحَاضِرِ — سەن ھازىرقى ۋاقىتتا ئوينىمىغىن |
| مُنْذُ | دىن، تىن... تارتىپ، بۇيان | مَا نِمْتُ مُنْذُ أَمْسِ — مەن تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇخلاپ باقمىدىم |
| حِينَمَا | شۇ ۋاقىتتا | صَلَّيْتُ حِينَمَا قَرَأْتَ الْكِتَابَ — سەن كىتاب ئوقۇغان ۋاقىتتا مەن ناماز ئوقۇدۇم |




1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

جېنى باركى، پۇتى يوق لېكىن تېز ماڭار،
بارچە تەشنا-ئۇسسۇزلارغا ئەجەبمۇ ياقار.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

بۇلبۇل كۆردۇم سايراپ تۇرغان،
قانىتى يوق يايراپ تۇرغان.
سالاسۇنلۇق ئۇۋىسى بار،
گىلاس رەڭلىك قاپقىقى بار.
ئېچىلسا ئۇ يوغان تۆشۈك،
كىرەلمەيدۇ ئىت ۋە مۈشۈك.
بىخەتەردۇر بۇلبۇل ئۇندا،
ماڭماي دائىم ياتار ئوڭدا.
سۆڭەكسىزدۇر ئۇنىڭ جىسمى،
تېپىپ باقىن نېمە ئىسمى؟



ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. تاۋۇز.
2. سەۋزە.
3. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام.



## ئائىلىسىكى رېتسېپلار

### باش پىياز بىلەن زەنجىۋىل ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالىيالايدۇ
(إن شاء الله)

ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئازراق ئاچچىقسۇ ئىچىۋەتكەندە ياخشى ئۇخلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، باش پىياز بىلەن خام زەنجىۋىلمۇ بار، بۇ ئىككى خىل كۆكتاتنىڭ ھىدى نېرۋىنى تىنچلاندۇرالايدۇ ۋە مېڭىنىڭ پوستلاق قەۋىتىنى تورمۇزلايدۇ.

باش پىياز بىلەن خام زەنجىۋىلدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى

مۇۋاپىق مىقداردىكى باش پىيازنى يۇيۇپ، ئىزىپ ئەينەك قۇتىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئىتىپ قويۇش، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئازراق ئېچىپ باش پىياز ھىدىنى پۇراش كېرەك، شۇنىڭدا 10 مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا تاتلىق ئۇيقۇ كېلىدۇ (إن شاء الله).

15 گرام خام زەنجىۋىلنى چىلاپ، يۇيۇپ، ئۇششاقلاپ، داكىغا ئوراپ ياستۇق يېنىغا قويۇپ قويغاندا، ئۇنىڭدىن تارقىغان ھىد ناھايىتى ئاسان ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسى بىرى بولسۇن، ئون كۈندىن بىر ئايغىچە داۋاملاشتۇرغاندا ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى ئوڭشىلىپ كېتىدۇ (إن شاء الله).

باش پىياز ۋە خام زەنجىۋىلنىڭ ئۇخلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بولغىنى بىلەن، مۇچ، غولپىياز، ئاق-قارا مۇچلار، قوۋزاق دارچىن ۋە قىچا تالقىنى قاتارلىق ئاچچىق، تەسىرچان دورا-دەرمان ۋە تەم خۇرۇچلىرى نېرۋىنى غىدىقلاپ، روھلاندۇرۇپ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. ياخشى ئۇخلاش ئۈچۈن كەچلىك غىزادا بېلىق، توخۇ، ئۆردەك گۆشى قاتارلىق ئاقسىل كۆپ يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك كېرەك چۈنكى بۇ خىل يېمەكلىكلەر ئاسان ھەزىم بولماي ئاشقازان بىلەن ئۈچەينىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ، ئۇيقۇغا پايدىسىز، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئازراق سۈت ئىچىۋالغاننىڭ ئۇخلاشقا پايدىسى بار (إن شاء الله).

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته